
# ساڭا ئوخشاش

جان فەئارنلىي



سەبىلەر
نەشرىياتى

# ساڭا ئوخشاش



جان فەئارنلېي ( ئەنگلىيە )

«سەبىيلەر» نەشرىياتى تەرجىمە قىلىپ تەييارلىدى

ئۈندىدار: perzentler www.sebiyler.com

كەچنىڭ قاراڭغۇلۇقى چۈشەي دەپ قالغان ئىدى . قىزىل رەڭلىك كەچكى قۇياش تۆپىلىكلەرنىڭ ئارقىسىدا ئاستا ـ ئاستا كۆزدىن غايىپ بولۇۋاتاتتى . قىزغۇچ بىنەپشە رەڭلىك بۇلۇتلاردىن شەكىللەنگەن شەپەق ئۆيىگە قايتىپ ئارام ئېلىشقا تەمشىلىۋاتاتتى . ئانا چاشقان بىلەن كىچىك چاشقانمۇ ئۆيىگە، ئىسسىق ھۇجرىسىغا كېتىۋاتاتتى .



سەبىيلەر نەشرياتى





سەبیلەر
نەشرياتی



ئۇلار بىر تەرەپتىن كېتىۋېتىپ، باللىرىنى ئورنىغا ياتقۇزۇپ ئۇخلاتماقچى بولۇۋاتقان باشقا ھايۋانلارنىڭ تاتلىق پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىدى. ئانا قۇش ئۇماققىنە باللىرىنى ئۇۋىسىغا جايلاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ناھايىتى ئاۋايلىغان ھالدا سىلىق ھەرىكەتلەر بىلەن باللىرىنىڭ يۇمشاق تۈكلىرىنى سىلاۋاتاتتى.



سەبىيلەر
نەشر ىياتى

سەبىيلەر
نەشرىياتى



باللىرى كىچىككىنە كۆزلىرىنى يۇمغاندىن كېيىن "كۆكلەرگە سىلەر ئۇچۇن قانات قاقىمەن." دېدى ئانا قۇش ئاستاغىنە يۇمشاق بىر ئاۋاز بىلەن "بۇلۇتلارنىڭ قەرىگىچە چىقىپ، ئاسماننىڭ بىر ئۇچىدىن يەنە بىر ئۇچىغىچە سوزۇلۇپ ئۇچۇپ سىلەرگە ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلەرنى تېپىپ كېلىمەن. مېنى ساقلاپ تۇرۇڭلار ئوماقلىرىم ھە، ھەر بىر نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئالغان ھالدا قېشىڭلارغا قايتىپ كېلىمەن ...."







سەبىيلەر
نەشرىياتى

ـ "نېمە دېگەن تاتلىق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟" دېدى كىچىك چاشقان "قارىغاندا ئۇنىڭغا بالىلىرى بەكمۇ ئالاھىدە ئىكەن."

ـ "ھەئە، دەل شۇنداق" دەپ جاۋاپ قايتۇردى ئانا چاشقان "خۇددى ساڭا ئوخشاش".





ئاندىن كېيىن ئۇلار دادا پاقىنى ئۇچراتتى .



سەبىلەر
نەشرىياتى

دادا پاقا باللىرىنىڭ ئۈستىگە بىر يوپۇرماقنى يېپىپ قويۇۋاتاتتى .



سەبىيلەر
نەشرىياتى



"سىلەر ئۈچۈن دىك ـ دىك سەكرەيمەن" دېدى ئۇلارغا. «پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ھاۋاغا سەكرەيمەن ۋە سىلەرگە ئەڭ لەززەتلىك ھاشارەتلەرنى ئەكىلىپ بېرىمەن. مىنى ساقلاپ تۇرۇڭلار ئۇماقلىرىم ھە، ھەر بىر نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئالغان ھالدا قېشىڭلارغا قايتىپ كېلىمەن ...."

سەبىيلەر
نەشرىياتى



" ـ هاشارەتلەر قانچىلىك يىپىشلىك بولىدۇ ئۇنى بىلمەيمەن لېكىن" دېدى كىچىك چاشقان، "ئۇنىڭ باللىرىمۇ ئۇنىڭ ئۆچۈن ناھايىتى ئالاھىدىدەك تۇرىدۇ".

ـ "ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق" دېدى ئانا چاشقان، "خۇددى ساڭا ئوخشاش."





سەبىيلەر
نەشرىياتى

ئۇلار پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېتىۋېتىپ، گۈل - چېچەكلەرنىڭ ئارىسىدا قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىنىڭ پەيزىنى سۈرىۋاتقان ئانا توشقان ۋە باللىرىنى ئۇچراتتى.



سەبیلەر
نەشر یاتی

- "سىلەر ئۇچۇن ئەڭ چوڭقۇر يوللارنى قازىمەن" دەۋاتاتتى ئانا توشقان باللىرىغا، "بۇنىڭلىق بىلەن بۇ يەردە خۇددى بىر خەزىنىگە ئوخشاش ھەمىشە بىخەتەر بولىسىلەر ۋە پەقەت توڭلىمايسىلەر. سىلەر دىگەن بۇ دۇنيادىكى ھەر بىر نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا لايىق."





سەبىيلەر
نەشرىياتى

ـ "لېكىن بۇ قۇلاققا ئاسان ئىشتەك ئاڭلانمايۋاتىدۇ" دەپ ئۇھسىندى كىچىك چاشقان، "بەك بەك ئالاھىدە بولسا كېرەك بۇ كىچىك توشقانچاقلار. . ."

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانا چاشقان بالىسىنىڭ كىچىككىنە ئالقىنىنى بوشقىنە سىقىپ: "خۇددى ساڭا ئوخشاش" دېدى.



سەبىيلەر نەشرىياتى

ئاندىن كېيىن ئۇلار دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ يولنى داۋام قىلىۋېتىپ، بالىسىغا تاتلىقىنە پىچىرلاۋاتقان ئانا دېڭىز يىلپىزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

دولقۇنلار ئېرىنچەكلىك بىلەن قىرغاققا ئۇرۇلاتتى، ئانا ـ بالا دېڭىز يىلپىزى يەڭگىل بىر ئەللەي ناخشىسىنى غىڭشىپ دېڭىز يۇسۇنلىرىدىن شەكىللەنگەن كارىۋىتىدا بىللە يېتىشقان ئىدى.





سەبىيلەر نەشرىياتى


سەبیلەر
نەشریاتی



"سەن ئۈچۈن ئۆزەمنى بىر دانەم" دېدى ئانا
دېڭىز يىلپىزى، "ئەڭ چوڭقۇر ئوكيانلارنىڭ
قەرىگە شۇڭغۇپ سەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك
خەزىنىلەرنى ئەكىلىمەن؛ دېڭىز قۇلۇللىرى،
ئۈنچە ـ مارجانلار ۋە بىلىقلار ھەممىسى سېنىڭ
بولىدۇ. مېنى ساقلاپ تۇر ھە ئۇماق بالام،
ھەر بىر نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئالغان
ھالدا قېشىڭغا قايتىپ كېلىمەن ...."



سەبىيلەر
نەشرىياتى



ـ "بوُلارموُ بەك ئالاھدە باللار" دېگەچ ئوُھسندى كچىك چاشقان.
ـ "خوُددى ساڭا ئوخشاش" دەپ ئەسلەتتى ئانسى.
بىراق كچىك چاشقاننڭ نەزەرلىرى يىراقلاردا بىر يەرلەرگە تىكلىپ قالغاندەك كۆرىنەتتى.

سەبىيلەر
نەشرىياتى

ئۇلار تاغ باغرىدا يۇقىرىغا چىقىۋېتىپ، بالىلىرى بىلەن ئوينىشىۋاتقان تۈلكىنى كۆردى.





سەبیلەر
نەشر یاتی



"سىلەر ئۇچۇن يۇگرەيمەن" دېدى تۈلكە، "ھېچقاچان يۇگۇرۇپ باقمىغان تېزلىكتە، ھېچقاچان بىرىپ باقمىغان يىراقلارغا يۇگرەيمەن. ئىنتايىن ئەقىللىق ۋە قۇۋۇ بولۇپ سىلەرنى خەتەرلەردىن ساقلايمەن. ماڭا ئىشىنىڭلار باللىرىم، دائىم يېنىڭلاردا بولىمەن."

سەبىيلەر
نەشرىياتى



ئۇلار ئۆينىڭ ئىشكى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، كىچىك چاشقان تولىمۇ ئويچان كۆرۈنەتتى.



ئۇلار ئاخىرى ئۆيلىرىگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئانا چاشقان بالىسى كىچىك چاشقاننى باغرىغا باستى...



- "بولە قېنى" دېدى مېھىر-مۇھەببەت بىلەن، "ھۇجراڭغا ماڭدۇق چاشقانچاق!"



سەبىيلەر
نەشرىياتى




ئۇخلاشقا تەييارلىق قىلىۋېتىپ كىچىك چاشقان ئانىسىغا قارىدى:

- "ئۇنداق بولسا سەن مەن ئۇچۇن نىمە ئىش قىلىسەن ئانا؟ سەن يا ئۇچالمايسەن يا سەكرىيەلمەيسەن. ئورەك قازالمايسەن ھەم سۇلارغىمۇ شۇڭغىيالمايسەن. ياكى تولكىدەك ئۇزاقلارغا يۈگرەلمەيسەن. سەن پەقەت كىچىك بىر چاشقانىسەن. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مەن ئالاھىدىمۇ سەنچە؟"



ئانا چاشقان كۈلۈمسىرىدى ۋە بالىسىنى ياتقۇزۇپ يوتقانىنى ياپتى.

- "دېگەنلىرىنىڭ توغرا بولۇشى مۇمكىن چاشقانچاق. ئەمما شۇنى ئۇنۇتمىغىنكى كىچىك بىر چاشقانىنىڭمۇ ھەممە يەردە قىلالايدىغان ئىشى بار. ئويلاپ باقايلى قېنى، ھەر ھالدا ئېسىمىزگە بىر نەرسىلەر كېلىشى مۇمكىن..."



كۈلۈمسىرىشىڭ ئۈچۈن كىتاپ ئوقۇپ بېرەلەيمەن.

سەبىيلەر نەشرىياتى

سەبىيلەر
نەشرىياتى



يېپيشلك ئۆچۈن ياخشى نەرسلەرنى تاپالايمەن.



سەن بلەن ئويۇن ئويناپ
سېنى كۆلدۈرەلەيمەن.



سنى قۇچاقلاپ خاترجەملك ئچدە بولۇشڭنى
تەمن ئېتمەن ۋە . . .

سەبىلەر
نەشرىياتى



. . . . كەپسىزلىك قىلغان چېغىڭدا مەنمۇ ساڭا قاتتىق ئاچچىقلىنالايمەن!

سەبىيلەر
نەشرىياتى



بىراق ئەڭ مۇھىمى، ساڭا شۇنداق ۋەدە بېرىمەن...
سېنى ھەر قاچان ئىنتايىن سۆيىمەن ۋە ساڭا ياخشى قارايمەن.
سېنى ھەر ۋاقىت پۈتۈن قەلبىم بىلەن سۆيىمەن.

سەبیلەر
نەشریاتی





كىچىك چاشقاننىڭ يۈزىنى ئۆيىقۇ ئارىلاش بىر كۆلۈمسىرەش قاپلىدى.

- "سىڭگىمۇ قىلالايدىغان بەك جىق ئىشىڭ بار ئىكەن. راستىنلا مەنمۇ ئىنتايىن ئالاھىدە بولسام كېرەك ..."

- "ھەئە، ھەقىقەتەن شۇنداق" دەپ پىچىرلىدى ئانا چاشقان ۋە بالىسىنىڭ تۈكلۈك پىشانىسىگە مېھىر بىلەن تاتلىقىنە بىرنى سۆيۈپ قويدى...

سەبىيلەر نەشرىياتى

سەبىيلەر
نەشرىياتى
ئۈندىدار: perzentler



ئانا چاشقان پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ، ئاستا - ئاستا ھۇجرىدىن چىقىۋاتقاندا، بۇ قېتىم كىچىك چاشقان پىچىرلىدى: "خۇددى ساڭا ئوخشاش ئانا... خۇددى ساڭا ئوخشاش ... ساڭىمۇ خەيرلىك كېچىلەر بولسۇن..."



بىر كۈنى ئاخشىمى كىچىك چاشقان ئانىسى بىلەن ئۆيىگە قايتىۋېتىپ يول بويى بالىلىرىنى ياتقۇزۇپ ئۇخلاتماقچى بولۇۋاتقان نەچچىلىگەن خىلمۇخىل ھايۋانلارنى ئۇچرىتىدۇ. يول بويى ئۇچراتقان ئۇنلىغان بالا ۋە ئانا ھايۋانلارنى قورشىغان ئۇلۇغ سۆيگۈنى بايقىغانچە كىچىك چاشقاننى بىر خىل قايغۇ ئىسكەنجىگە ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى كىچىك چاشقانغا ئۇ ئۇچراتقان بارلىق بالىلار ئانىلىرى ئۈچۈن شۇ قەدەر ئالاھىدە بولۇپ كۆرۈنگەن ئىدى.

ئەجبا كىچىك چاشقانمۇ ئانىسى ئۈچۈن ئاشۇنداق ئالاھىدىمىدۇ؟

**سىز پەرزەنتىڭىز بىلەن بىللە ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيدىغان ۋە قەلب تارىڭىزنى چېكىدىغان بىر ھېكايە!**

سەبىيلەر
سەبىيلەر نەشرىياتى
www.sebiyler.com